# زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتى ۋە قەرزىنى ئادا قىلىش ۋەقەلىكى

خۇبەيبىنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئاتام زۇبەير جەمەل ئۇرۇشى بولغان كۈنى مېنى چاقىردى، مەن يېنىدا تۇردۇم، ئاتام: «ئى بالام!، بۈگۈنكى كۈندە زالىم ياكى مەزلۇم ئۆلتۈرۈلىدۇ، مەن بۈگۈن ئۆزۈمنى زۇلۇم قىلىنغان ھالدا ئۆلتۈرۈلىمەن دەپ قارايمەن، مېنىڭ ئەڭ چوڭ غېمىم مېنىڭ قەرزلىرىمدۇر، سىنىڭچە بىزنىڭ قەرزلىرىمىزنى تۆلەشكە ماللىرىمىز يېتىپ يەنە ئازراق ئاشارمۇ؟» دېدى، ئاندىن: «ئى بالام! ماللىرىمىزنى سېتىپ قەرزلىرىمنى ئادا قىلغىن!» دەپ مېلىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ۋەسىيەت قىلدى، ئابدۇللاھنىڭ بالىلىرىغا شۇنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلدى، يەنى: ئابدۇللا ئىبنى زۇبەيرنىڭ بالىلىرىغا مېلىنىڭ تۇققۇزدىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلىپ: «قەرزلىرىمنى بېرىپ ئېشىنالساڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ ئۈچتىن بىرى سېنىڭ بالىلىرىڭغا بولسۇن» دېدى. ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلاردىن بىرى بولغان ھىشام مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھنىڭ بەزى بالىلىرى ئاتىسى زۇبەيرنىڭ خۇبەيب ۋە ئەبباد دېگەن بالىلىرى بىلەن تەڭتۈش ئىدى، ئۇ كۈنلەردە زۇبەيرنىڭ توققۇز ئوغۇل، توققۇز قىزى بار ئىدى. ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئاتام قەرزى توغرۇلۇق ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغلۇم! ئەگەر سەن قەرزلەرنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز كەلسەڭ، خوجايىنىمدىن ياردەم تىلىگىن» دېدى، مەن ئاتامنىڭ نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بىلەلمەي: ئى ئاتا! خوجايىنىڭ كىم؟ دېسەم، ئاتام: «ئاللاھ» دېدى، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ قەرزلىرىنى ئادا قىلىشتا قانداقلا بىر قىيىنچىلىققا يولۇقسام: «ئى زۇبەيرنىڭ خوجىسى بولغان ئاللاھ! زۇبەيرنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشقا ياردەم بەرگىن» دەيتتىم، ئاللاھ تائالا ماڭا ھەقىقەتەنمۇ قەرز ئادا قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن ئاسانلىقلارنى يارىتىپ بەردى. دېگەندەك ئاتام ئۆلتۈرۈلدى، ئاتام ئالتۇن-كۈمۈش قالدۇرماي، زېمىنلارنى قالدۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە مەدىنە ئەتراپىدا «غابە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەشھۇر زېمىن بار ئىدى، مەدىنىدە ئون بىر، بەسرەدە ئىككى، كۇپىدە بىر، مىسىردا بىر قورۇ جاي بار ئىدى، ئاتامنىڭ قەرزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى: كىشىلەر ماللىرىنى ئاتامنىڭ يېنىغا ئامانەت قويۇشقا ئېلىپ كەلسە ئاتام: «ياق، مەن ئامانەتنى زايە قىلىۋېتىشتىن قورقىمەن، بۇ ماڭا قەرز ھېسابلانسۇن» دەيتتى، ئاتام ھوقۇق تۇتقان، باج-سېلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى يىغىشقا قويۇلغانلاردىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ھاياتىدا پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار بىلەن غازاتتا بىللە بولغان كىشى ئىدى، مەن ئاتامنىڭ گەدىنىدىكى قەرزلىرىنى ھېسابلاپ باقسام ئىككى مىليۇن ئىككى يۈز مىڭ چىقتى. ھەكىم ئىبنى ھىزام ماڭا ئۇچرىشىپ: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئۇنىڭ قانچىلىك قەرزى بار ئىكەن؟» دېدى، مەن: «يۈز مىڭ» دەپ قويدۇم، ئۇ: «بەلكىم سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار بۇنىڭغا يەتمەسمىكىن» دېدى، مەن: «ئەگەر ئىككى مىليۇن ئىككى يۈز مىڭ بولسا قانداق قارايسەن؟» دېسەم، ئۇ: «بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر، ئەگەر قەرز قايتۇرۇشقا ئاجىز كەلسەڭلار مەندىن ياردەم سوراڭلار» دېدى، ئابدۇللا مۇنداق دېدى: زۇبەير «غابە» دېگەن جاينى بىر يۈز يەتمىش مىڭغا سېتىۋالغان ئىكەن، ئابدۇللا ئۇنى بىر مىليۇن ئالتە يۈز مىڭغا سېتىپ: «كىمنىڭ زۇبەيردە ئېلىشى بولسا «غابە» دېگەن زېمىنغا كېلىپ بىزدىن ئېلىۋالسۇن» دەپ ئېلان قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر كەلدى، ئۇنىڭ زۇبەيردە تۆت يۈز مىڭ ئېلىشى بار ئىكەن، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئابدۇللاھقا: «خالىساڭلار ئۇ مېلىمنى سىلەرگە قالدۇراي» دېدى، ئابدۇللا: «ياق» دەپ ئۇنىمىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر: «خالىساڭلار مېنىڭ ئېلىشىمنى ئەڭ كەينىدە بېرىڭلار» دېدى، ئابدۇللا: «ياق» دېدى، ئابدۇللا ئىبنى جەئفەر: «ئۇنداقتا ماڭا زېمىنىدىن بىر پارچە بۆلۈپ بېرىڭلار» دېدى، ئابدۇللاھ: «بۇ يەردىن بۇ يەرگىچە ساڭا بولسۇن» دەپ بۆلۈپ بەردى. ئابدۇللا ئۇ زېمىننى سېتىپ قەرزنى تولۇق تۈگەتكەندىن كېيىن تۆت يېرىم ئۈلۈش قېلىپ قالغاندا ئۇ مۇئاۋىيەنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇنىڭ بىلەن ئەمىر ئىبنى ئوسمان، مۇنزىر ئىبنى زۇبەير ۋە ئىبنى زەمئە قاتارلىقلار بار ئىدى، مۇئاۋىيە: «غابەگە قانداق باھا قويۇلدى؟» دېدى،

ئابدۇللا: «ھەر بىر ئۆلۈش يۈز مىڭ» دېدى، مۇئاۋىيە: [ئۇنىڭدىن قانچىلىك قالدى؟» دېدى، ئابدۇللا: «تۆت يېرىم ئۆلۈش» دېدى، مۇنزىر ئىبنى زۇبەير: «بىر ئۆلۈشنى يۈز مىڭغا ئالاي» دېدى، ئەمىر ئىبنى ئوسمان: «بىر ئۆلۈشنى مەن يۈز مىڭغا ئالاي» دېدى، ئىبنى زەمئە: «بىر ئۆلۈشنى مەن يۈز مىڭغا ئالاي» دېدى، مۇئاۋىيە: «ئەمدى قانچىلىك قالدى؟» دېدى، ئابدۇللا: «بىر يېرىم ئۆلۈش» دېدى، ئۇ: «ئۇنداقتا مەن ئۇنى بىر يۈز ئەللىك مىڭغا ئالاي» دېدى، كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئۆز نېسىۋىسىنى مۇئاۋىيەگە ئالتە يۈز مىڭغا سېتىۋەتتى، شۇنداق قىلىپ زۇبەيرنىڭ ئوغلى قەرزلىرىنى تۆلىگىنىپ بولغاندا زۇبەيرنىڭ باشقا باللىرى: «مىراسىمىزنى ئارىمىزدا تەقسىم قىلغىن» دېيىشتى، ئابدۇللا: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە: "زۇبەيردە قەرزى بارلار كەلسۇن، بىز ئۇنى قايتۇرىمىز" دەپ ئۇدا تۆت يىل ئۆتمىگىچە مىراسنى تەقسىم قىلمايمەن» دېدى، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە شۇنداق جاكارلاپ، تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارغا تەقسىم قىلدى، زۇبەيرنىڭ تۆت ئايالى بولۇپ، ھەر بىر ئايالغا بىر مىليون ئىككى يۈز مىڭدىن تەگدى، زۇبەيرنىڭ ئومۇمى مېلى ئەللىك مىليون ئىككى يۈز مىڭ چىقتى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

جەمەل (بۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىللىرىنى تاپشۇرۇش سەۋەبىلىك يۈز بەرگەن ئۇرۇش) كۈنىدە زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە مۇنداق دېدى: مەن بۈگۈن ئۆزۈمنى زۇلۇم بىلەن شەھىد قىلىنىدىغاندەك ئويلاۋاتىمەن، مىنى غەمگە سالىدىغىنى بوينۇمدىكى قەرزلىرىم، سەن ئۇنى ئادا قىلغىن دېدى، زۇبەيرنىڭ مىلىنىڭ ھەممىسى قەرزىگە كېتەتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئابدۇللانىڭ باللىرىغا بەزى ماللارنى ۋەسىيەت قىلدى، چۈنكى ئوغلى ھايات بولغاچقا ئۇلارنىڭ مىراستا نىسىۋىسى يوق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇلارغا مۈلۈكنىڭ توققۇزدىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلدى، ئۇنىڭ توققۇز ئوغۇل-توققۇز قىزى بار ئىدى. كىشىلەر ماللىرىنى ئۇنىڭ يېنىدا ئامانەت قويۇۇشقا ئېلىپ كەلسە، زايا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئامانەت قىلىشقا ئۇنىماي، ئۇ ماڭا ئامانەت ئەمەس، قەرز بولسۇن» دەيتتى، ئاتام دۇنياغا بېرىلمەيدىغان، ئىشەنچلىك كىشى ئىدى، ھوقۇق-مەنسەپمۇ تۇتمىغان ئىدى، ئۇ ۋاپات بولغاندا ئوغلى ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىپ مېلىدىن يەنە ئېشىپ قالغاندا ۋارىسلار ئابدۇللاھدىن دادىسىنىڭ مىراسىنى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئابدۇللاھ: ياق، ھەر يىلى ھەج مەۋسۇمىدە ئېلان قىلىنىپ، قەرزى بارلاردىن بىرسىمۇ قالمىغانلىقىنى بىلگەندە ئاندىن تەقسىم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ شۇنداق قىلدى، قەرىزنى تولۇق ئادا قىلىپ بولغاندا زۇبەيرنىڭ ئاياللىرىغا مالنىڭ سەككىزدىن بىرىنى بەردى، ئۇلار تۆت ئايال بولۇپ، سەككىزدىن بىرى ئۇلارنىڭ مىراستىكى ئۈلۈشى ئىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/5864